


# يەرئاستىدىكى باھار

www.uyghurkitap.com

# يەر ئاستىدىكى [illegible]

رەسسام: شي بوشۇي

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ ـــــ 1959

# قىسقىچە مەزمۇنى

پارتىيىنىڭ بىر قانچە ژىللىق تەربىيىسىنى ئالغان ئەمگەك نەمۇنىچىسى مىڭ چىڭيۈەن غەلىبىدىن بېشى قېيىپ، شەخسىيەتچىلىككە بېرىلىپ، ئالغا بېسىش يولىدىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭىلاشقا قارشى مۇناسىۋەتتە بولۇدۇ، ئاممە بىلەن ۋە ئۇسۇۋاتقان باشقا بىر ئىلغار ــ بەي لىيەنيۈي بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىدۇ.

لېكىن تارىخ رەھىمسىزدۇر؛ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان سوتسىيالىزم ئۆز پۇتىنى ئۆزى چۇشەپ قويۇدىغان قالاقلارغا ھەر گىز يول قويمايدۇ. مىڭ چىڭيۈەن خاتالىشىدۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئۆزگۆرۈشكە باشلايدۇ. ئۇ بەي لىيەنيۈي بىلەن سەممىي ھەمكارلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭىلاش ھەركىتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈدۇ. كىشىلەر شۇنىڭغا ئىشەنىدىكى، كوللېكتىۋ ئېقىل ـ پاراسەت ۋە ئەمگەك پارتىيە رەھبەرلىكىدە، يەر ئاستىدىكى باھاردا توق، گۈزەل چېچەك ئاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ، خاگدىكى كومۇ قېزىش رايونىنىڭ مەجلىس خانىسى.
چۇيجاڭ گاۋدېلياڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايدىغان بولىدۇق دەپ
بېشى قېتىپ ژۇرەتتى، ئۇ، ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماسلىق ھالىتىنى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كادرلار مەجلىسىدە كۆپچىلىكنى چارە ئىز-
دەشكە چاقىردى.





كوپچىلىك مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتى، يەنشۇيۇەن ( پرىيومچىك ) ۋاڭ چۇەن ئۇشتۇمتۇت مەجلىس خانىنىڭ ئىشىگىنى ئىچىپ كىردى ـ دە، چۇيجاڭغا: «چۇيجاڭ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەپتۇ. ھازىر بىزنىڭ قىزىش رايونىمىزغا كەلمەكچى ئىكەن» دەپ مەلۇم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




مەجلىسنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى. بەزىلەر: «ئۆتكەن قېتىم تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىزگە كۆرسۈتۈپ بەرگەن نۇقسانلارنى ھازىرغىچە ئۆزگەرتەلمىدۇق. ئەگەر بۇ قېتىم يەنە پىكىر بەرسە قانداق قىلىمىز؟» دېدى، گاۋچۈيجاڭمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئامالسىز قالدى.



ياڭ چۈەن مۈشكۈللۈكنى يېشىپ، دەرھال: «ئۇنداق بولسا، ھەممەڭلا چۈشۈپ زايىگۈڭلارغا ئېيتىڭلار: تۈزخاڭدىكى ئېرىقنى ھازىرچە چاپمىسۇن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇدۇقنىڭ ئاغزى بىلەن چىقىرىق يوللىرىنى تازىلايلى، بىر تالمۇ كومۇر ئۇۋۇىنى قالمىسۇن!» دېدى. كوپچىلىك بۇنى ماقۇل كورۇپ، دەرھال ھەر تەرەپكە تارقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىمۇ جىددىيلىك، قۇدۇقنىڭ ئاستىدىمۇ جىددىيلىك بولۇۋاتاتتى. مىڭ چىڭيۇەنىنىڭ ئىلغار بىنى بۇچاغدا ناھايىتى نۇرغۇن كومۇر قازغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشچىلار ئۇنى تويىگە چىقىرالماي دىققەت بولۇپ تۇراتتى. مىڭ چىڭيۇەنمۇ قاتتىق تېرىكىپ كەتتى، ئۇ قۇدۇق تېگىدىن گاۋچۇيجاڭغا تېلېفون بېرىپ ۋاگون سورىدى.




گاۋچۇيجاڭ ۋەزىيەتنى ئوروۇنلىساق، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلگەندە تىلىمىز قىسىلىپ قالمايدۇ، دېگەن ئۈمىتتە ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۇ: «خاتىرجەم بول، كېپىللىك بېرىمەن، ۋاگون ھازىر بارىدۇ. چىڭيۈەن، بۈگۈن ئىشىمىزنىڭ ئۈگىدىن كېلىش ـ كەلمەسلىكى سىلەرگە باغلىق بولۇپ قالدى!» دېدى ۋە ئۈچقاندەك خاڭغا چۈشۈپ، مىڭ چىڭيۈەنگە غەيرەت بەرگۈسى كەلدى.





گاۋچزيجاڭ ئىشخانىسىدىن خوشال چىقىپ كېلىۋاتاتتى، كۆتۈلمىگەندە كومۇر قېزىش بېسىنىڭ بەنجاڭى بەي لەنيۈيگە ئۇچراپ قالدى. بەي لەنيۈي كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى تەجرىبە قىلىپ كورۈشكە رۇخسەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بۇ گەپ ئۇنىڭغا ياقمىدى، ئۇ: «كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى تەجرىبە قىلىش بىلەن قىزىقىش بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن كورە مۇلايىملىق بىلەن ئالدىراپ قېتىشچى زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتنىشالىق بولارمىكىن!» دېدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تاكاللىشىپ قالدى.




بىر نەچچە قېتىملىق تەجرىبىدىن نەتىجە چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ گاۋ چۈيجاڭنىڭ ئۈمىتسىزلىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بەيلەنيۈي بىلەتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ناھايىتى سەۋرلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ: «بۇگەپچە، گاۋچۈيجاڭ، سىز كان ئىشچىلىرىنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئازات بولۇشىنى خالىمايدىكەنسىزدە؟» دېدى. گاۋچۈيجاڭ يەنە ئۇنىماستىن: «مېنىڭ ئۈچ پارچە تاشنىڭ ئاستىدىن سەكرەپ چىققانلىقىم ئېسىمدىن كوتۇرۇلۇپ كەتكىنى يوق، بىكارغا كۈچ سەرىپ قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەل شۇچاغدا، ياچېيكا شۇجىسى چىڭ چاڭ كاندىن قايتىپ كېلىپ، ئەنسەن پولات-تومۇر گوڭسىسىنىڭ يەنە ئۇلارنىڭ كومۇر قېزىش رايونىدىن كوكوس ئالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ گاۋچۇيجاڭنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتتى.



گاۋچۇيجاڭ ۋەزىپىسىنىڭ بارغانسىرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، گەپ پەقەت مىڭ بەنجاڭدىلا ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ياچىيىكا شۇجىمىسىغا: «مىڭ بەنجاڭ بىلەن سوزلۇشۇپ كوروۇڭ. ئوروۇشتا ئۇتۇپ چىقىش ئۇچۇن، داغدۇغۇلۇق ھەركەت ئارقىلىق جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كوتەرمەي بولمايدۇ!»دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



ياچېيكا شۇجىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: «زىخۇيـيۈەن شەخسەن ئۆزى داغدۇغۇلۇق ھەركەت بىلەن جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتەرمىسە، جەڭچىلەر ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟ خوپ! مەن ھازىر قۇدۇققا چۈشۈمەن» دېدى.



گاۋچۇيجاڭ قامـلاشمىغان سوزنى قىلىپ قويغانلىقىنى سەز-
دى، ئىشخانىغا روھسىز قايتىپ كېلىپ، كوڭلىدە ئۆزىچە مولچەرلەپ
كوردى: ھازىر، مۇنداق چوڭ قۇدۇقنى باشقۇرۇشقا يارايدىغان پەقەت
مىڭ چىڭسيوەنلا قالدى. ھەي - تاڭ! ئالدىمىزدىكى ئىشلاردىن
ئۈمىت كۆتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ!



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ۋاڭ چۈەن ئۇشتۇمتۇت ئالدىراپ-تېنەپ ۋۇگۇرۇپ كىرىپ: «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ قالدى!» دېدى. چۇيجاڭ بىردىن چوچۇپ كەتتى. ئۇ، قودۇق ئاستىدىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپالمىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماي قالغان ئىدى ......ئىچى تىت-تىت بولۇپ: «مانا بۇ نېمە دېگەن كېلىشمەسلىك! مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردە بۇ كادىرلارنىڭ بىرسىمۇ كارغا يارىمايدۇ!» دەپ ھەسرەتلەندى.



شۇئان قەغەزلەر بىلەن لىق تولغان پىكىر ساندۇغىنىڭ جوزا
ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ جان-پىنى چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئۇ يەنە: «ھەرچىنە ئەرزىمەيدىغان بۇ نەرسىلەر بۇيەردە نىمە قىلىدۇ!» دېدى-دە، ساندۇقنى ۋاڭ چۇەنگە تاشلاپ بەردى، ۋاڭ چۇەن تۇتالمىغانلىقتىن ساندۇق چۇشۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى قەغەزلەر خۇددى قار پارچىلىرىدەك ئۇچۇشۇپ يەرگە بىركەلدى.





ئەسلىدە بۇ، ئىشچىلارنىڭ بەي بەنجاڭنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش ھەققىدىكى تەكلىۋىنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەپ بەرگەن پىكىرلىرى ئىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ كورۇپ قېلىشىدىن قورققان ۋاڭ چۈەن بۇلارنى ئالدىراپ-تېنەپ قاچىلاپ تاشقىرىغا مېڭىۋىدى، ئويلىمىغان يەردە گاۋچۈيجاڭ ئۇنى چاقىرىپ توختۇتۇپ: «ئەپ كەتمە، ئاغزىنى ئېچىپ بۇيەرگە قويۇپ قويغىن!»دېدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



ۋاڭ چۈەن ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ساندۇقنى قويۇپ قويدى.
گاۋچۈيجاڭ بىر ئاز ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ: «قېنى، تەكشۈرۈش گۇرۇپ-پىسى كېلىپ كۆرۈپ باقسۇن، بىزنىڭ رايوننىڭ شەرت-شارائىتىدىن قارىغاندا، زادى بەي لەنيۈينىڭ ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتۈرۈۋەن دەپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزگىنى توغرىمۇ، ياكى مېنىڭ پىكرىم بويىچە جىددىي تۈزۈتۈش قىلىپ ۋەزىيەتنى مېتىن بىلەن ئورۇن-لاش توغرىمۇ!» دېدى.




بۇچاغدا ، تىنك قۇدۇقتىكى كوتەرگۈچ گۈرۈلدەپ ھەركەتلىنىۋاتاتتى، ۋاگونچىلار قۇدۇقتىن ئۈزۈلمەي چىقىۋاتاتتى، رادىوخوش خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى.




خوشاللىغىدا گاۋچۈيجاڭنىڭ قورۇقلىرى تېخىمۇ پۈرۈلۈپ كەتتى ، ئۇ: «يارايسەن ، يارايسەن ، سەن مېنىڭ ماشايىغىمسەن!» دېدى ـ دە، ۋاڭ چۈەن بىلەن ئۇچقاندەك ژۈگۈرۈپ قۇدۇق بېشىغا ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى




مىڭ چىڭيۈەننىڭ سويگىنى گاۋيۈيخۇا سىڭلىسى گاۋيۈيجى
بىلەن سوزلەشكەن پىتى قۇدۇق بىشىغا قاراپ ژۈگۈردى. گاۋيۈيجىيەن
ھەدىسىگە چىقىشىپ : «ھەدە، قاراڭا، چىڭيۈەن قانداق ياخشى،
چاپسانراق تۇرمۇشقا چىقسىڭىز بولاتتى!»-دېدى. گاۋيۈيخۇا:«سەن
ھەدەڭگە قاچانغىچە چاقچاق قىلىپ ژۈرسەن؟» دېدى.

www.uyghurkitap.com




بۇ چاغدا قۇدۇق راسا قىزىپ كەتكەن ئىدى. كوپچىلىك مىڭ چىڭيۈەنىنىڭ نەمۇنىچى بىنىسىنىڭ قۇدۇقتىن چىقىشىنى خوشاللىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى.




مىڭ چىڭيۈەنىنىڭ نەمۇنىچى بىنى قۇدۇقتىن چىقتى، خوشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن گاۋچۈيجاڭ دەرھال ۋاڭ چۈەننى گۈل تەقتىم قىلىش مۇراسىمىنى باشقۇرۇشقا بۇيرىدى. ۋاڭ چۈەن مىڭ چىڭيۈەننى سەھنىگە چىقىرىپ، تەبرىك نۇتقىنى سۆزلىدى. مىڭ چىڭيۈەن سەلپەل كۆرەڭلەپ قالدى.




بۇچاغدا، بەي لەنيۇيلار نوۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇققا چۈشۈپ قارىسا، مىڭ چىگيۇەنىڭ بىنى جازىسىنى بۇزۇپ قويۇپتۇ، لەمپە ئورنۇتۇش لازىم بولغان يەرگە لەمپە ئورناتماپتۇ، سۇنۇپ كەتكەن تۈۋرۈكلەرنىمۇ ئېلىۋەتمەپتۇ، ئەسلىدە ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئۆتتۇر كەلگەن يەردىن قالايمىقان قېزىپ ئورۇنلىغان ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىشچىلار نارازى بولۇشتى.



بەي لەنيۆي كوپچىلىكنى ئىتتىپاقلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ئىشقا كىرىشىشكە دەۋەت قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر رازى بولدى، بەزىلەر قارشى چىقتى، بولۇپمۇ گورۇپپا باشلىغى دالوچۆەن قاتتىق قارشى تۇردى. بەي لەنيۆي باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش بىرىۋاتقاندا، ئۇ تۇيدۇر ماستىن قۇدۇق بىشىغا قاراپ ژۈگۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى





ئۇ، قۇدۇق بېشىغا كەلدى، بۇ چاغدا قۇدۇق بېشى ناھايىتى قىزىپ كەتكەن ئىدى. گاۋ يۈيخۇا ئالقىش ئىچىدە قولىدىكى گۈل دەستىسىنى مىڭ بەنجاڭغا تەقدىم قىلدى. ۋاڭچۈەن توپ ئىچىدە تۇرۇپ: «نەمۇنىچى بەنجاڭ مىڭ چىڭيۇەندىن ئۆگىنەيلى!» دەپ شۇئار توۋلىدى.




بۇ ھەشەمەتـلەرنى كورۇپ دالوچۇەنـنىڭ تازا ئاچچىغى كەلدى: «گۇل! ئۇنىڭ گۇل تەقدىم قىلغۇچىلىگىـمۇ بارمۇ؟» دەپ ۋاقىرىدى ـ دە، قىزنىڭ قولىدىكى گۇل دەستىسىنى تارتىۋېلىپ مىڭ چىگيۇەنگە ئاتتى. كوپچىلىك بۇنى كورۇپ ھەيران قالدى.

www.uyghurkitap.com




دالوچۈەن مىڭ چىڭيۈەن بېشىنىڭ «ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنـ لىغانلىقى» نىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، بۇنى كورگەن كوپچىلىك هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى. گاۋچۈيجاڭ: دەرهال بىرىپ نوۋەتچىـ لىكنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار، تەكشۇرۇش گۇرۇپپىسى كەتكەندىن كىيىن سوزلىشەرمىز، دىدى. دالوچۈەن بۇنىڭغا نارازى بولدى ۋە مىڭ بەنجاڭ چىقارغان كومۇردىن تۇتۇپ قېلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مىڭ چىڭيۈەن: «سىلەر قانچىلىك تۇتۇپ قالـ سىلەر؟» دەپ سورىدى دالوچۈەن: «سىلەردىن 70 ۋاگون تۇتۇپ قالىمىز» دىدى.




منڭ چنگيۆەننڭ بېنى 70 ۋاگون كومۆر تۆتۆپ قالسا، بز بكارغا ئشلنگەن بولمايمزمۆ دەپ ئويلندى ـ دە، ھەممسى كېلپ دالوچۆەن بلەن تاكاللششقا باشلندى. «نمە ئۆچۆن 70 ۋاگون تۆتۆپ قالسلەر!» دەپ سوريدى كمدۆر برسى. دالوچۆەن: «نمشكە بولاتتى؟ بز ھېمشە ئۆستخان غاجلايمز، بزبۆنڭغا ئۆنمايمز!» دېدى. منڭ چنگيۆەن پۆتى كويگەن توخۆدەك تۆرال ـ ماي قالدى، گاۋچۆيجاڭنمۆ تەر بېسپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





بەختىكە يارىشا بەي لەنيۈي يېتىپ كەلدى، ئۇ داۋچۈەننىڭ بىلىگىدىن تارتىپ نوۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئۈندىدى: «داۋچۈەن، كومۇر كان دۆلەتنىڭكى، نوۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇپ ئالماي بولمايدۇ». داۋچۈەن ئەمدى بېسىقتى. كوپچىلىك بەي لەنيۈينىڭ بۇ ئىشنى توغرى كورۇپ ئۇنى ماختىدى.





گاۋچويجاڭ پىشانىسىدىكى سوغاق تەرىنى ئەرتىۋەتتى ۋە بەي لەنيۈينىڭ سۆزىنى توغرى تېپىپ ئۇنى ماختىدى. ئەمما بەي لەنيۈي: «نۇۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىمىزدا گەپ يوق، مىڭ بەنجاڭنىڭ مەشغۇلىيەت قائىدىلىرىگە بىر قانچە قېتىم خىلاپلىق قىلغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە مەن ھازىرمۇ دالوچۇەنىڭ پىكىرىگە قوشۇلۇمەن، مەن بۇ سۆزنى كانغا جاۋابكار ئىكەنلىكىم نۇقتىسىدىن ئېيتىۋاتىمەن» دېدى. بۇ سۆزلەر گاۋچويجاڭنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




مىڭ چىگيۇەن خىيالىدا مېنى بەيلەنيۇي قوتۇلدۇرۇپ قالدى دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇنىڭ دالوچۇەنىڭ تەرىپىنى ئالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزىپى ئورلەپ كەتتى، ئۇ: «ھە، مېنىڭ بۇ ئىشىم بۇز-غۇنچىلىق ئىكەندە!» دېدى-دە، قولىدىكى گۇلنى زەردە بىلەن بەيلەنيۇنىڭ ئالدىغا ئاتتى.




مىڭ چىڭيۈەن كېتىۋېتىپ ئويلىغانسىرى ئاچچىقى كەلدى: –
بەي لەنيۈي بۇرۇن ئۇنچۇقماي ژۈرەتتىغۇ، ئەمدى نىمە ئانچە خالىس
بولۇپ كەتتىكى تاڭ؟ ھە بىلدىم، بۇ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ
ئالدىدا ماڭا زەربە بېرىش، مەندەك نەمۇنىچىنى بۇيەردە تۇرغۇسىز
قىلىۋېتىش كويىغا چۈشكەن ئىكەندە!



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com


ھېچ نىشانسىزلا مېڭىپ كىچىك كوۋرۇككە كەلدى ۋە ئىچىنى تاتىلاۋاتقان ئەلەمنى بوشاتماقچى بولدى، ئەمما «بەيلەننىڭ ئۆيى مېنىڭدىن ئوزۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن خىيال ئۇنىڭ ژۈرۈگىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇ بەيلەنىيۈيدىن ئايرىلىپ، ئوزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە كوچۈپ كېتىشكە قارار قىلدى.




گاۋچۇيجاڭ مىڭچىڭيۇەننىڭ خۇيلۇنۇپ قالغانلىغىنى ئاڭـ
لاپ، ناھايىتى دىققەت بولغان ئىدى، بەيلەنيۇي بىلەن ئۇچەكىشىپ
قالسا ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يېتىدۇ دەپ ئويلاپ نىسىھەت قىلىش
ئۇچۇن ئۇنىڭ ياتىغىغا كەلدى. ئەمما مىڭ چىڭيۇەنىنىڭ پەيلى
ناھايىتى قاتتىق ئىدى، ئۇ: «مىنى ئۇنىڭغا يول قوي دەۋاتامسىز؟
قانداقلا بولمىسۇن، كوپچىلىكنىڭ ئارىسىدا مەن ئۇنىڭدىن ھەر
ھالدا ئۇستۇن تۇرۇمەن!» دىدى.





ئامالسىز قالغان گاۋچۈيجاڭ ئۇنىڭ رايىغا قاراشقا مەجبۇر بولدى ۋە: «بەي لەنيۈي بىلەن ئىككىڭلاردىن كىم ئىلغار ئىشلەپ چىقارغۇچى بولسا شۇ باردۇ، ياخشى ئىشلە!» دەپ، رەھبەرلىك-نىڭ بېيجىڭگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىش ئۈچۈن كادىر ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويدى. مىڭچىڭيۈەن بۇ سۆزنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى.




بۇگۇن مىڭچىڭيۈەن، بەيلەنيۈي ۋە ياچيىكا شۇجىسى بىر يەرگە ژىغىلدى. ياچيىكا شۇجىسى ئۇلارنى يارىشىپ قىلىشقا ئۈندىدى، بەيلەنيۈيمۇ مىڭچىڭيۈەننى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشىغا يار- دەم بېرىشكە سەممىي چاقىردى. ئەمما مىڭچىڭيۈەن كورۇنۇشتە قوبۇل قىلغاندەك بولۇپ: «كېيىن سوزلۇشەرمىز!» دەپلا قويدى.

www.uyghurkitap.com




مىڭچىڭيۈەن كەتتى. بەيلەنيۈي مىڭچىڭيۈەننىڭ كەيپى جايىدا ئەمەسلىگىنى كورۈپ، ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى، چۈنكى مىڭچىڭيۈەن ياردەم قىلىپ شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرمىسە، ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەجرىبە قىلىش قىيىن بولاتتى. ياچىيكا شۈجىسى چىنچاڭ ئۇنى روھلاندۇرۇپ: «ئوزەڭنى تۇتۇۋال، پارتىيە بار، خەلق بار، سوۋيت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار تەجرىبىسى بار، تەجرىبەڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ.» دېدى.




كەچ بولدى، دالوچۇەن بىلەن ئىشچىلار بەي لەنيۇينى ئىزدەپ ياتىقىغا كەلدى. ئۇلار مىكچىگيۇەننى تەنقىت قىلىپ بىرپارچە ماقالە يازغان بولۇپ، بۇ توغرىدا بەي لەنيۇيىنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن كان گېزىتىگە بەرمەكچى بولدى. ئۇلاردىن بىرسى: «بەي بەنجاڭ، مۇھەببەتنى ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەڭ جۇمۇ!» دېدى. دالوچۇەنمۇ: «بۇ، يامان خاھىشلارغا قارشى تۇرۇۋدىغان كۈرەش-تە!» دەپ قىستۇرۇپ قويدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىشى




بەيلەنيۇي: ماقالە يازمىساق، مىڭچىڭيۈەندىكى تەكەببۇر-
لۇقنىڭ ئورلەپ كېتىشىگە ياردەم بېرىپ قويغان بولىمىز؛ يازساق
مىڭچىڭيۈەنگە قاتتىق تېگىپ كېتەرمىكىن.... دەپ ئويلاپ تۇرات-
تى، شۇ چاغدا مىڭچىڭيۈەن بىردىنلا ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، بۇنى
كۆرگەن بەيلەنيۇي ماقالىنى دەرھال رادىئونىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.





مىڭ چىڭيۈەن بەي لەنيۈيگە قاراپمۇ قويماستىن، كارۋاتقا چىقىپ ئۈنچۈقماي يېتىۋالدى. بەي لەنيۈي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سەممىي ھالدا: «چىڭيۈەن، جۆر، بىللە توپ ئوينايلى!» دېۋىدى، مىڭ چىڭيۈەن: «ياق، رەھبەرلىك ماڭا ئۆي بەردى، كۆچۈپ كەتمەكچىمەن.» دەپ ئۈنۈملۈك تۇرۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com




ئۇنىڭ كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ بەيلەن-
يۈيىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيگە بىللە كۆچۈپ
كەلگەنلىكىنى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى بىللە سېتىۋالغانلىقىنى، بىللە
ئۆگەنگەنلىكىنى ئەسلەپ مىڭ چىڭيۇەنىڭ قولىنى قاتتىق قىستى،
ۋە: «سېنى ئۆزەمنىڭ ئاكىسىدەك كۆرۈمەن، مەندىن خاتالىق ئۆتۈل-
گەن بولسا تەنقىت بەر، بۇيەردىن كۆچۈپ كەتمىگىن!» دېدى.



ئارقىدىن بەي لەنيوي يەنە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇچاغ ياپونلار بىلەن قۇرچاقلارنىڭ زامانى بولۇپ، ياپون قاراقچىلىرى ئۇلارنى تۇتۇپ ئاپىرىپ ئەمگەككە سالغاندا بىر" كەپىنىگە سولاپ قويغان ئىدى. تالادا لەپىلدەپ قار ياققان چاغلاردا ئۇلار كاناپ تاغارغا ئورۇنۇپ ياتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بەيلەنيۈي كېزىك كېسىلى بىلەن ئاغ-
رىپ قالغان ئىدى، ياپونلاردىن قويۇلغان گۆگتۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن
تارتىپ ئادەم كويدۇرۇدىغان ئوچاققا تاشلاپ كويدۇرۇپ ئۆلتۈر-
مەكچى بولدى.



مىڭچىڭيۈەن بەيلەنيۈينى قويۇپ بەرمىدى. ياپون قاراق-
چىلرى بەيلەنيۈينى چاپماقچى بولغاندا ، مىڭچىڭيۈەن ئۆزىنى ئوز
تېنى بىلەن توسۇۋالغان ئىدى. ئەمما مۈرىسىگە قىلىچ چۈشۈپ يار-
دارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇ چاغدا، ئىككىسى بىر-بىرىنى قۇچاغلىشىپ ژىغلاشقان ئىدى، جاراھەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ: «نىيەتىمىز بىر، ھەرگىز ئايرىلمايمىز!»دەپ قەسەم ياد قىلىشقان ئىدى.




بەيلەنيۆي سوزلەپ مۆشۆ يەرگە كەلـگەندە كوزىدىن ئىمخـ
تىيارسىز ياش ئېقىشقا باشلىدى. مىڭ چەگيۆەنىڭمۆ كوڭلى بۆزۆـ
لۆپ: «بولدى ، سوزلىمىسگىن! » دېدى . بىر ئازدىن كېيىن ،
بەيلەنيۆي بۆگۆنكى كۆندە بىزگە ئازاپ ـ ئوقۆبەت يوق ، بىز ئاچـ
لىقتىن خالىسىز ، كاناپ تاغارغا ئورۆنۆپ يېتىشتىنمۆ قۆتۆلدۆق ، بىز
ئوتكەندە خىزمەتتىكى ئازغىنا ئىشلارغا مۆكاپات ئېلىش ئۆچۆنلا
جاپا تارتقانىمىدۆق......»دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



مىڭ چىڭيۈەن ئۇنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەندى، لېكىن تامدىكى تەقدىرنامە ۋە قىزىل گۈلگە كۆزى چۈشكەندە: «ئۇ مۇھەببەت بىلەن پۈتۈمنى چۈشەپ قويماقچى، مېنى پايمال قىلىپ شۇنىڭ بەدىلىگە ژۇقۇرىغا ئېسىلماقچى. ياق! جەزمەن كوچۇپ كېتىمەن!» دېگەن خىيالغا كەلدى




بەيلەنيۇي مڭ چڭگيۇەننڭ كوچمەكچى بولغانلغنى كورۇپ قاتتق تېركپ كەتتى: «بر نرسمۇ قويماي، هەممسنى ئېلپ كەت!» دېدى، ۋەمڭ چڭگيۇەنگە ياردەملشپ ئۇنڭ نەرسلرنى چامدانغا قاچلشپ بەردى. مڭ چڭگيۇەن بر پەس تسگرقاپ توختاپ قالدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى




بەيلەنيۇي ئۇزىنى تۇتۇۋالالماي: «ماڭا بۇنداق دوستىنىڭ كېرىگى يوق، ئۇ 5ـ6 ژىل پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى كورگەن نەمۇنىچى ئىدىغۇ، ئاخىر نېتىجىدە شەخسىي شوھرىتىنى ئىنقىلاپتىن ئۇستۇن كورۇدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئىمدىگەن نومۇسسىزلىق، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمايمەن!» دېدى.




بەيلەنيوي چىقىپ كەتكەندىن كيىن، مىڭچىڭيوەن خاپـ
چىلىقتا كارۋاتقا چىقىپياتقان ئىدى. بىردىن ۋاڭچوەنجىڭ كىرىپ
كەلدى. بۇ ئەخلاقى ناچار بىر ئادەم ئىدى. ئۇ مىڭ چىڭيوەنگە
ياردەملىشىپ ئېلىشىپ بەرگەن تويلۇق نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرـ
دى، ۋە: «بەيلەنيوي تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ ئالدىدا سىنىڭ
ئۈستۈڭدىن مەلۇمات بەردى.» دەپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقـ
چىلىق سېلىشقا باشلىدى.



مىڭ چىڭيۇەن بىر ئاز ئىشەنمىدى. ۋاڭچۇەن يەنە: «ئۇ سىنى ئىشچى يولداشلارنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ، دەيدۇ. سېنىڭ خاتالىقىڭنى گېزىتتا چىقىرىپ تەنقىت قىلماقچى بولۇشۇپتۇ» دەپ پىتنە تاراتتى. مىڭ چىڭيۇەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قايناپ كەتتى.





ئۇ رادىونىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، رادىونى ئالماقچى بولغاندا بىردىنلا ھېلىقى ماقالىنى كۆرۈپ قالدى، ماقالىدا: «بەنجاڭ مىڭ چىڭيۈەندە تەكەببۇرلۇق خاھىشى ئۇسۇپ قالغانلىقتىن، ھەشخۇلات قائىدىلىرىگە بىرىنچى بولۇپ خىلاپلىق قىلدى....» دېيىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭچۈەنىنىڭ سۆزىنى راست ئىكەن دەپ تېخىمۇ ئىشەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



53. ۋاڭچۇەن ئىچمىشقان يەرگە تۈز سېپىپ: «بەيلەنيۈيدەك ئادەمنى ئالدىغاچان بىلىپ قويغانمەن، كورۈنۈشتە ياخشى ئادەم، لېكىن ئىچىدە زەھەر قاينايدۇ، ئۇ سېنىڭ ئوراگىنى كولاپ، ئۆزى نەمۇنىچى بولۇۋالماقچى...» دېدى.




مىڭچىڭيۇەن ئىككى خىيال بولۇپ تۇرماستىن، نەرسە كېرەك-
لىرىنى ئېلىپ، ئىشىكنى بىر تېپىپلا ئېچىپ ژۇگۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
ۋاڭچۇەن مۇغەمبەرلىك قىلىپ: «كوچۇپ كەتمە، باشقىلار بىلىپ
قالسا سەت بولىدۇ» دەپ ۋاقىرىدى. مىڭ چىڭيۇەن ئاقىسىغا قاراپ-
مۇ قويماستىن: «مەن 3 ياشلىق كىچىك بالا ئەمەس!» دېدى.




كەچقۇرۇن گاۋيۇيخۇا مىڭ چىڭيۇەننى ئىزدەپ كەلدى ۋە مىڭ چىڭيۇەننىڭ بۇنداق قىلغانلىقىغا قوشۇلماي، ئۇنىڭغا يەنە قايتىپ كېتىش مەسلىھەتىنى بەردى. مىڭ چىڭيۇەن ئۇنىڭغا: سەن ئەھۋالنى چۈشەنمەيسەن، گېپىڭنى بەي لەنيۈيگە قىل، دېدى.

www.uyghurkitap.com



مىڭ چىڭيۈەنىنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ ئۇرلىدى، ۋە ئۇ: «خوپ، ئۆزەم كۆچۈپ چىقتىم، مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەن!» دەپ ۋاقىرىدى. مىڭ چىڭيۈەنگە سۆزىنى يىدۇرەلمىگەن گاۋيۈيىڭ خاپا بولۇپ چىقىپ كەتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


مىڭ چىڭيۈەنىڭ كوچۈپ كەتكەنلىگى باي لەنيۈينى ناھايىتى بىئارام قىلدى. بەي لەنيۈي مىڭ چىڭيۈەنىڭ ئۇزىدىن ئارىيەت ئالغان تېرە كورپىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ، ئۇنى كې-چىلەپ مىڭ چىڭيۈەنگە ئاپىرىپ بەردى.




بەيلەنيۆي ئۆنىڭغا: رىماتىزىمىڭ يەنە قوزغۇلۇپ قالمىسۇن، بۆ كورپىنى ئېلىپ قال، دېدى. لېكىن مىڭ چىڭيۆەن بىردىنلا: «بولدى، مېنى گېزىتتا تەنقىت قىلىپتۇ، ماڭا شۆتەنقىدنىڭ تېرە كور-پەگىدىنمۆ يېتىپ ئاشىدۆ!» دېدى. شۆنىڭ بىلەن بەيلەنيۆي ئازاپ-لىنىپ قايتىپ كەتتى.



بەيلەنيۆي قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، مىڭ چىڭيۈەن ئۆزى يالغۇز تاشقىرىغا چىقىپ، خىيالغا كەتتى ۋە پېرىشان بولدى. دەل شۇچاغدا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چىڭچاڭ كېلىپ قالدى.




پارتيه ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۆزىنىڭ چاپىنىنى ئاستا
مىڭ چىڭيۇەننىڭ ئۈستىگە يېپىپ: «توڭلىغانسەن؟»دەپ سورىدى.
مىڭ چىڭيۇەن چوچۇپ كېتىپ: «ھە! ياچېيكا شۇجىسى ئىكەنسىز-
غۇ»دېدى .





پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۇنىڭغا توغرىسىنى ئېيتىپ: «پارتىيەسىنىڭ نەمۇنىلىك رول ئوينىشىڭنى ئۈمىت قىلىدۇ، سېنىڭ يۈتلىكاشاك بولۇپ ژۈرۈشۈڭنى ئۈمىت قىلمايدۇ!» دېدى. مىڭ چىڭيۈەن ئېقىلىغا كېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ناھەقچىلىققا ئۇچرىدۇم دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى تارىبىسى




بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پارتىيە ياچېيكا ھەيئە-
تىنىڭ مەجلىسى ئېچىلىپ، بەيلەنيۈينىڭ ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئومۇم-
لاشتۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىۋى مۇزاكىرە قىلىن-
دى ۋە بۇ تەكلىپ سىناپ كۆرۈش قىممىتىگە ئىگە دەپ تونۇلدى.
گاۋچۈيجاڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سىناپ كۆرۈشنى قوۋۋەتلىگەن-
لىكىنى كۆرۈپ، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا ۋەزىپىسىنى
ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغىلى بولۇدۇ دەپ ئويلاپ، سىناپ كۆرۈشكە قوشۇلدى.

www.uyghurkitap.com



بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مىڭ چىڭيۈەن ناھايىتى تىت ــ تىت بولۇپ، سىناق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسىغۇ ياخشى، مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، بەيلەنيۈي مەندىن ئېشىپ كېتىدۇ، مېنىڭ «نەمۇنىلىك مېتىنچى» دېگەن نامىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ.... دەپ ئويلىدى.





بىردىنلا گاۋچۇيجاڭنىڭ ئىشىك قاقىانلىغى ئاڭلاندى. مىڭ چىڭيۇەن دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. گاۋچۇيجاڭ: «سىناق قىلىمىز دەپ، كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى باستۇرۇپ قويۇشتى!» دېدى، ئۇ بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ كورۇنۇشتە ئېچىنغاندەك بولسىمۇ، لېكىن كوڭلىدە ناھايىتى خوشال بولدى. چۇنكى بەيلەنيۇينىڭ سىنىغى يەنە مەغلۇپ بولغان ئىدى.





www.uyghurkitap.com

گاۋچۇيجاڭ ماشىنىلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، يەنە داۋام قىلدۇرۇۋېرىدىغان بولساق قېزىش رايونىنىڭ ئىستىقبالىنى تەسەۋ-ۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ، مىڭچىڭيۈەنگە : كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى دەرھال ئېلىپ كەل، دېدى. مىڭ چىڭيۈەن كوڭلىدە بۇنىڭدىن خوشال بولدى.




گاۋچۈيجاڭ يەنە قۇدۇققا ژۈگۈرۈپ چۈشۈپ، بەيلەنيۈينى ئەسۋاپلارنى دەرھال ژىغىشتۇرۇپ كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى قۇدۇق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى. بەيلەنيۈي بۇنىڭغا قوشۇلسىدى. گاۋچۈيجاڭ: «سەن قوشۇلمىساڭ، مەن قوشۇلمەن. مەن چۈيجاڭ، مەن قاراپ تۇرۇپ سىلەرنىڭ قېزىش رايونىنى كاردىن چىقىرىشىڭلارغا يول قويالمايمەن!» دېدى.

www.uyghurkitap.com




بەي‌لەنيۇي ھەدەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. لېكىن گاۋچۇي-جاڭ: «بىزنىڭ قېزىش رايونىمىزنىڭ شارائىتىدا ئون بېشى بار ئادەم بولسىمۇ ماشىنىلاشتۇرۇشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. نىمىشكە كەڭ يولنى تاشلاپ قويۇپ، تار يەردە تىپىرلاپ ژۈرىدىكەنمىز!» دەپ ۋاقىرىدى.



بەيلىيەنيۇي بىر تېرىكىپ، بىر خاپا بولۇپ، بېشىنى تۇۋەن
سېلىپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. گاۋچۈيجا گۇمۇبىر ئازھەددىدىن ئاشۇرۇۋەت ـ
كەنلىگىنى ھېس قىلىپ، مۇلايىم ئاھاڭدا سۆزلىدى: «قېنى، ئېيت ـ
قىنا، سەن بۇماھارەتلەرنى مەندىن ئۆگەنگەن ئەمەسمۇ؟ سەن يەنە
ئاسماننى ئۆگتەي ـ توگتەي قىلماقچى بولۇپ ژۇرسەن! بۇ ئەخ ـ
مەقلىق بولماي نىمە؟» دېدى.




بەيلەنيۋي ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى ۋە: «مەن ئەخمالىق قىلىپ ژۇرگۇنۇم يوق، قېزىش ماشىنىسىنى ئۇزىڭىز شۇنداق قىلىپ قويدىڭىز!» دېدى. گاۋچۇيجاڭ قاتتىق تېرىكتى ۋە ئاچچىقى بىلەن: «ۋاھ! ئەگەر سېنىڭ قولۇڭدىن بۇنچىلىك ئىش كېلىدىغان بولسا، ئالدىڭغا توققۇز تازىمغا باراتتىم!» دېدى-دە، دەرھال قېزىش ماشىنىسىنى قۇدۇقنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى.




گاۋچۇيجاڭنىڭ سىناپ كورۇشكە ئۇنىمىغانلىقىدىن بەي لەنيۇي ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ناھايىتى نارازى بولدى، ئەمما رەھبەرلىكنىڭ بەلگىلىمىسىگە بويسۇنماسلىقنىڭ توغرى كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۇلار قېزىش ماشىنىسىنى قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقماقچى بولدى.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بەيلەنيۇينىڭ تەجرىبىدە يېڭىلىكە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ۋاڭچۇەن-نىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى ۋە تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ خەۋەر تارقىتىشقا باشلىدى.



ئۇ يەنە ۋۇكۇرگەن پېتى ئوستەڭ بويىغا كەلدى. بۇ چاغدا
بەيلەنيۇي بىلەن گاۋيۇيجې چىمەنلىكتە مۇگدۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى.



ئۇ، دەرەخزارلىقنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ گاۋيۇيجېننىڭ
بەيلەنيۇيگە: «ۋاڭ چۈەننىڭ يېتىنىسى بىلەن ئانام ھازىرسىزنى خەقنى
ئورنىغا ئىتتىرىپ ئۆزىنى ئورلەتمەكچى بوپتۇ دەپ چۈشۈنۈپ قاپتۇ،
شۇڭا ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا بۇرۇنقىدەك قىزىقمايدىغان بولۇپ
قالدى» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.



بەيلەنيۆي گاۋيۆيجېكە ئانىگىزغا ئۆبدانراق چۆشەندۆرۆپ قويۆڭ دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق قېيىنچىلىق بولسىمۆ، تەجرىبىنى چوقۆم ۋۆجۆتقا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۆردى. ئاندىن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ ژۆرۆپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ۋاڭچۇەن بۇ ئىككىسىنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلىۋالدى ۋە:
بەيلەنيۇي دەسلەپ مېنى ھوكۇمەت يولىغا خىيانەت قىلدى دەپ ژۇقۇرىغا چېقىشتۇرۇپ خوجىلۇق كوجا گىلمىغىدىن ئالدۇرۇەتتى. كېيىن گاۋيۇيجېنى قولغا چۇشۇرۇشنى ئويلاپ ژۇرسەم، ئۇنىمۇ تارتىۋالدى. خەپ توختاپتۇر. ئەمدى ئەدىۋىنى بەرمىگىنىمنى كور، دەپ ئويلىدى.



بەيلەنيۈي ياتاقىقا كېتىۋېتىپ يەنە خىيالغا چۈشتى:
گاۋچۈيجاڭ مېنىڭ دېگىنىمگە قوشۇلمايدۇ، بىر قانچە ۋىللىق
ئاغىنىلىرىممۇ ئۆزىنى تارتىدىغان بولۇپ قالدى ، ۋاڭچۈەن بولسا
ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىۋاتىدۇ، ھەي بەيلەنيۈي، ئەندى
قانداق قىلىشىڭ كېرەك؟

www.uyghurkitap.com




تۇيۇقسىزلا بىرسى بەيلەنيۇينىڭ مۈرىسىنى قاقتى، ئۆرۈ‐
لۈپ كەينىگە قارىسا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چىڭجاڭ
ئىكەن. شۇجى ئۇنىڭغا: «خاتىرجەم بول، قېزىش ماشىنىسى يۆتكۈ‐
تۈلمەيدۇ، چۈنكى بۇ تېخنىكا ئىنقىلاۋى!» دېدى. بەيلەنيۇي:
«راستمۇ؟ ئانداق بولسا بەك ياخشى بوپتۇغۇ!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
دەرھال روھلىنىپ كەتتى.





چىڭجاڭ يەنە ئۇنىڭغا كان باشلىقىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىـ
سى ئېۋەتىپ بىرلىكتە تەجرىبە ئوتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقـ
تۇردى ۋە: «بۇ ئىشىڭدىن يالتىيىپ قالمىغىن! تەجرىبەڭ مۇۋەپپەـ
قىيەت قازانسا، ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ تارىخىدا شەرەپلىك بىر ئىش
بولۇپ يېزىلىپ قالىدۇ»دېدى. بەيلەنيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ
ئاجايىپ تەسىرلىنىپ كەتتى.




www.uyghurkitap.com


بۇ ۋاختىدا مىڭ چىگيۇەن ئويىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-
راتتى: يېقىندا، كوكرىكىمگە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغىرى دېگەن
مېدال ئېسىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ گۈلدۈراس چاۋاكلىرى ئىچىدە
پويىزدىغا چۈشۈپ بېيجىڭغا ژۈرۈپ كېتىمەن... ئەنە شۇچاغدا بەي
لەنيۈيىنىڭ كارامىتىمۇ ئاشكارە بولۇدۇ.



ۋاڭچۇەن مىڭ چىڭيۇەننى ئىشخانىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ بېرىپ: «بەيلەنيۇيىنىڭ كارامىتى ئاشكارە بولغاندىن كېيىن، سىنىڭ، بېيجىڭغا كېتىپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا مەن ساڭا تايىنىمەن!»دېدى. مىڭ چىڭيۇەن مەيدىسىگە قېقىپ: «گەپ كەتمەيدۇ، ھەممە ئىشنى ئۆزەم ھۆددە قىلىمەن»دەپ ۋەدە بەردى.




بىراق، ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى، بەي لەنيۈيىنىڭ كومۇر قېزىش ماشىنىسىنى يوتكىمەسلىك توغرىسىدا ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى خۇددى ئۇلارنىڭ ياۋۇزنىيەت بىلەن كويۈپ تۇرغان ئوتىنى سوغۇق سۇ چېچىپ ئوچەرگەندەك بولدى. ۋاڭچۈەن: «كىم شۇنداق بەلگىلىدى؟» دەپ سورىدى. بەي لەنيۈي: «رەھبەرلىك بەلگىلىدى. يوتكەش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ياردەملەشتۇرۇدىغان بولدى» دېدى.




بەي‌لەنيۆي مڭ چىڭيۆەنىڭ ياردەملىشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى. بىراق ئۇ: «ئويلاپ باقاي......» دەپ تۇرۇۋالدى.



بەيلەنيۇي كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، مىڭ چېڭيۇەن بلەن ۋاڭچۇەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مىڭ چېڭيۇەن ئويلۇنۇش نېتىجىسىدە، بەيلەنيۇي بلەن بىرلىشىپ ئىشلەشنى قارار قىلدى، بىراق، ۋاڭچۇەن ئۇنىڭغا: «بىرلىشىپ ئىشلىمەكچى بولدۇڭمۇ؟ خوپ! تەجرىبە ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، كېزىتكە ئالدى بلەن بەيلەنيۇي دېگەن 3خەت يېزىلىدۇ، سېنىڭ ئېتىڭنى تاپىنلىق بىر بۇلۇڭغا قىستۇرۇپ قويۇدۇ، خالاس» دېدى. ۋاڭچۇەننىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ ژۇرىگىگە بىگىزدەك تەگدى.

www.uyghurkitap.com




مىڭ چىڭيوەن: توغرا، ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، بەيلەنيۈي ئىلغار دېگەن نامنى ئالىدۇ، بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ رەھبەرلىك ئورۇنغا كوتۇرۇلۇدۇ؛ ئەندى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دەپ ئويلاندى ۋە: «ئىش ئوخشىمىدى، مۇشۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ئىشىم ئوڭىدىن كەلمەيۋاتىدۇ!» دېدى، ۋاڭچۇەن ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىۋېلىپ، يەنە ئۇنىڭغا يامان يول كورسەتتى: «سەن ئۈمىتسىزلەنمە، ئەگەر ئاي ئاخىرىسىدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنلايدىغان بولساڭ....» دېدى.

www.uyghurkitap.com




ۋاڭچۇەن گەپىنى ئۇيۇقتىن ـ بۇياقتىن ئەگىتىپ، ئاخىر كومۇرگە قاراتاش ئارىلاشتۇرۇش، ياخشى كومۇرگە ئەسكى كومۇر ـ لەرنى قوشۇش يولى بىلەن نىتىجە قازىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى، مىڭچىڭيۇەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋاڭچۇەننىڭ ناھايىتى خەۋپلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى پايقىدى ـ دە، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ: «بۇنداق قىلىشقا قانداق قول بارىدۇ، بۇ دۆلەتنى ئالدىغانلىق بولىدۇ!» دېدى.




لېكىن ۋاڭچۈەن مىڭچىڭيۈەننى قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنىڭغا يەنە: «بېيجىڭغا بارىدىغانمۇ سەن؛ نەمۇنچى دېگەن نامنى ئالغۇچىمۇ سەن؛ كەلگۈسىدە بەيلەنيۈينىڭ قولىغا قاراپ قالمايدىغانمۇ يەنە سەن. مەندە نىمە يامان نىيەت بولاتتى؟ مەن يەنە سېنىڭ تۈگمىنىڭگە سۇ قۇيۇمەن دەپ ژۈرۈۋاتىمەنمۇ؟» دېدى.

www.uyghurkitap.com




بۇبىر نەچچە ئېغىز سوز ھەقىقەتەن مىڭ چىگيۇەننىڭ ئېچىشقان يېرىگە بېرىپ تەگدى، ئۇ جەھىلى چىققان ھالىدا ۋاڭچۇەن بىلەن ئۇيگە كىردى-دە، ئىشىك دېرىزىلەرنى بېكىتىپ قويۇپ ئۇزلىرىنىڭ ھىيلىلىرىنى تۇزۇشكە باشلىدى.




ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، كاندىكى مىكراپونلاردا ۋە
خىيبەنباۋلاردا مىڭ چىڭيوەن بىنىنىڭ ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇن-
لىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بېرىلدى.

www.uyghurkitap.com



خەۋەر گاۋچۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، گاۋيۈيجې ھەدىسىنى دەرھال مىڭچىڭيۈەن بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا ئۈندىدى! گاۋھەدە ئەتتىگەن كېتىپ كەچ قايتىپ كېلىدىغان پىشقەدەم گاۋ چۈيجاڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خوشال-خورام دەم ئېلىپ ئۆتكۈزسۇن دەپ خوشاللىقى ئىچ-ئىچىگە پاتمىغان ھالدا داسقان تەييارلىدى.





مىڭ چىڭيۈەن ژۈرۈگى پوك ـ پوك قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن
ھېچكىم ئۇقمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: تويىنى
كەينىگە سۈرسەڭ سۈر، قېنى، كىم زىيان تارتىدىكەن، دەپ ئويـ
لىدى. ۋە گاۋيۈيىخۋانىڭ ئۇنى قېيىن ئاتا بولغۇچىنىڭ ئۆيىگە
پاتەگە باشلاپ بېرىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشىنى يېگى ئويدە مىدىر-
لىماي ئولتۇرۇپ كۈتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى




بۇ ۋاختىدا، ۋاڭچۇەنمۇ تورت بولاق سوغاتلىق نەرسىلەرنى كوتۇرۇپ، ناخشا ئېيتىپ، خوشاللىق بىلەن گاۋ چۇيجاڭنىڭكىگە پاتەگە كېتىۋاتاتتى.




ۋاڭچوەن ئويگە كەلدى ـ دە، گاۋھەدىنىڭ يوقلىغىدىن پايدىلىنىپ گاۋيۈيجېگە يالغان ـ ياۋىداق سوزلەپ: «ئوتكەندە بەي لەنيۈي ماڭا كاشىلا بولۇپ، بىزنىڭ بىخ ئۈرۈۋاتقان مۇھەببىتىمىزگە زىيان يەتكۈزدى، شۇنداق بولسىمۇ، مەن ھېلىمۇ سىزنى سويۈمەن!» دېدى.

www.uyghurkitap.com




گاۋيۇيجي ئاچچىقىدا ئوغلىرى قايناپ، ئۇنىڭ سوغلىرىنى تالاغا چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە: «يوقال كۆزۈمدىن! خاڭجاڭ، گۆڭـ چىڭشى بولۇپ كەتكىنىڭ بىلەنمۇ سېنى كورەر كۆزۈم يوق!» دېدى. ۋاڭچۈەن گاۋيۇيجىنى بۇنداق قىلار دەپ زادىلا ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئاچچىقى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ: «گاۋيۇيجي سىز كەينىڭىزنى ئويلاڭ، مەن ۋاڭچۈەن...جۇمۇڭ!» دەپ قويدى.




بۇ چاغدا گاۋيۈيخۇا ئاللىقاچان قۇدۇق بويىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ بىر ھازاغىچە كۈتتى، لېكىن ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ: «مىڭ چىڭيۇەن نەگە كەتكەندۇ؟ يەنە بىرەر ۋەقە تۇغۇلغاندىمۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com




ئۇ روھسىز ھالدا چىراق قويۇلۇدىغان ئۆيگە قايتىپ كەلدى.
ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەزەن يامان خىياللار كەلدى: مىڭ چىگىزەن
ئەگەر يەنە خاتالىق ئۆتكۈزۈدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نەمۇنىچى
دېگەن نام بىكاردىن بىكار يوقىقا چىقىپ كېتىدۇ! ئەمما، مەنىسۇ
ئۇنىڭ بىلەن ماي تارتىشىپ ژۈرمەي، سەۋرلىك بىلەن ئۇنىڭغا يار-
دەم بېرىشىم لازىم......



ئۇ، قاتتىق خىيالغا چۆككەن ئىدى ، تاشقىرىدىن جىددىي ژۇگۇرگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئەسلىدە بەيلەنيۇي مىڭچىڭيۈەنىڭ يىنىدىكى ئىشچىلارنى باشلاپ قۇدۇق بېشىغا كېتىۋاتاتتى. گاۋ يۈيخۇا ھەيران بولدى: ئۇلار نىمىگە كېتىۋاتقاندۇ؟

www.uyghurkitap.com





سىڭچىڭيوەن ئۆيدە ئۇزاق كۈتتى، گاۋيۈيىخۇا كەلمىدى. ئۇ، ئىشىنىڭ بىر ئاز چاتاقلىقىنى ھوشيارلىق بىلەن سېزىۋالدى ـ دە، دەرھال ئەھۋالنى تىك ـ تىڭلاشقا چىقىپ، بىر توپ قىزلارغا دۇچ كېلىپ قالدى، قىزلار قوللىرىدا گۈل تۇتقان، لېكىن كوڭۇللىرى غەش ھالدا كېلىشۋاتاتتى: «مىڭ بەنجاڭ، سىز بېرىپ بەي بەنجاڭدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ سىزگە گۈل تەقدىم قىلغۇزمايۋاتىدۇ» دېدى قىزلار.





مڭ چڭيۆەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بلەن ئويغا چوكۇپ كەتتى.
مانا شەرمەندىچىلىك! بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۇ جەزمەن تۇيۇپ قال-
غان ئوخشايدۇ، پاش بولۇپ-قالسا.....مڭ چڭيۆەن قاتتىق ئوي-
لۇنۇش نەتىجىسىدە، گاۋيۇيخۇانى ئىزدەشكە بەل باغلىدى: توغرى،
يۇيخۇا بېرىپ بەي لەنيۇي بلەن كورۇشسۇن، ئۇنىڭدىن ئوتمۇشتىكى
بىرادەرچىلىكنىڭ يۇزىنى قىلىپ، مېنى ئەفۇ قىلىشنى ئوتۇنسۇن»
دەپ ئويلىدى.

www.uyghurkitap.com




ئۇئەمدىلا چىراق ئۆيىگە كىرىشىگە، گاۋيۈيخۇا ئۇلارنىڭ بىنىدىكى ئىشچىلارنى بەيلەنيۈي يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە: كىم بىلسۇن، سەن يەنە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدۇڭمىكىن، تاڭ دېدى. مىڭچىڭيۈەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىپ: مەندىن رۇخسەتسىز بىزنىڭ بەندىكى كىشىلەرنى ئېلىپ كېتىدىغانغا ئۇنىڭ نىمە ھەققى بار ئىكەن، دېدى ـ دە، ۋە ئەھۋال قىل ئۇستىدە قالدى، ئەمدى باشقىلارغا يالۋۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنىڭ ھوددىسىدىن ئۆزەم چىقىمەن، دەپ ئويلىدى.




مىڭ چىڭيۇەن ئۆزىنى قەستەنگە دادىل تۇتۇپ: «خاتالىق؟ مەن، مىڭ چىڭيۇەن ئۇنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويۇشىغا يول قويۇ- ۋېرىمەنكەندە! شۇنچە ۋاختىتىن بېرى سىنىڭ ماڭا بولغان كوز قارىشىڭنىڭ تېخىچە تۈزەلمىگىنىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، زادى سىنىڭ مۇددايىڭ نىمە؟» دېدى. گاۋيۇيخۇا خورسىنىپ ژىغلاشقا باشلىدى.

www.uyghurkitap.com




مىڭچىڭيۈەن ئۆزەم بىلەرمەنلىك قىلىپ: بەي لەنيۈيىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئادەم يوتكىگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇ ھامانھوقۇق دائىرىسىدىن چەتنەپ زورلۇق قىلدۇ. ئەمدى ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن باشقا چارە قالمىدى، گاۋچۈيجاڭغا ئېيتىپ بەي لەنيۈينى جازالىتىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۆزەمنىڭ خاتالىقلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالايمەن، دەپ ئويلىدى ــ دە، دەرھال گاۋچۈيجاڭنى ئىزدەپ ماڭدى.




بۇ چاغدا، گاۋچۇيجاڭمۇ بەيلەنيۇينىڭ قىلىقلىرىدىن نارازى بولۇپ تۇراتتى؛ مىڭچىڭيۇەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئەزۋەلەپ كەتتى، ۋە: «پارتىيە ياچېيكىسى بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلمايدىغان بولسا، پارتىيە كومىتېتىغا بارىمەن، ئۇنىڭدىمۇ ھەل بولمىسا ئۆلكىلىك كومىتېتقا بارىمەن» دەپ، بەيلەنيۇي بىلەن ئاخىر-غىچە ئېيتىشماي قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گاۋچۇيجاڭ قانچە تەسەللىي بېرىپ كۆرسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە كار قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى





دەل شۇ چاغدا، بەي لەنيۈي تۇيۇقسىزلا ئىشخانىغا كىرىپ كېلىپ: «ئۇنداق قىلىشىڭ ھاجىتى يوق، ھازىرلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ» دېدى. ئۇنى كۆرۈپ مىڭچىڭيۈەن تېڭىرقاپ قالدى. گاچۈيجاڭ: بۇلار مۇشۇنداق جىددىلىشىپ ژۇرۇۋەسە، ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالغىلى بولماس، ئوڭۇشلۇق قىلىۋالاي دەپ، ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرالماي قالدى ۋە: «ھوي! نېمىشقا بۇنداق بىمەھەل كېلىپ قالدىڭ!» دېدى.





مىڭچىڭيۈەن ئالدىغا ئوتتۇۋېلىش ئۈچۈن، بەيلەنيۈيگە قاراپ ۋاقىراپ ئېتىلىپ ماڭغان ئىدى. بەيلەنيۈي قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمىڭ ئاشكارە بولۇدۇ. سېنىڭ قىلمىشلىرىڭنى ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟» دەپ ئۇنى توختۇتۇپ قويدى. كېيىن ئۇنىڭ كوزى مىڭچىڭيۈەنگە قادالدى. مىڭچىڭيۈەن قورقۇپ كەتكىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

www.uyghurkitap.com



ملڭچىگيۇەن ناھايىتى ھودۇقتى، ئەمما شۇزامات گاۋچۈي-
جاڭغا: «بۇ، نەمۇنىچىلارغا زەربە بەرگەنلىك — ئەمەسمۇ! ھەي،
چۈيجاڭ، مەن بۇنى كوتۇرەلمەيمەن، سىز ماڭا دەرھال رۇخسەت
بېرىڭ، خىزمەتتىن بوشۇنۇمەن، مېنى يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىرىيەرگە
قويۇپ قويسىڭىز...» دېدى.





سوزتۇگۇمەستىنلا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى كىرىپ
كەلدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مىڭچىڭيۈەنگە سوزمۇ
قىلماي، بەيلەنيۇيگە: «باش گۇڭچىڭشى ليۇ ۋە خىزمەت گۇرۇپ-
پىسى كەلدى، ئۇلار سىنىڭ سىناق قىلدىشىڭنى كۇتۇپ تۇرماقتا»
دېدى. مىڭچىڭيۈەن ئۇزىنىڭ تەرەققىيات چاقى تەرىپىدىن ژىراققا
ئىرغىتىپ تاشلانغانلىغىنى ھېس قىلدى.





www.uyghurkitap.com

مىڭ چىگيۈەن كۆڭلىدە: بەي لەنيۈي كونا دوستلىغىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلىدۇ، بولغان ئىشلارنى پارتىيە ياچېيكىسىغا ئېيتمايدۇ، ئەگەر ئېيتسا......دېگەن خىيالدا تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ بۈگۈنكى كومۇر ئەنشەن پولات-تومۇر گۈڭسىغا توشۇلۇدۇ دېگەن سوزى ئاڭلاندى، ئۇ چوچۇپ تىترەپ كەتتى.



گاۋچۇيجاڭنىڭ ژۇرىگى دەككە ـ دۈككە بولۇپ قالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بەيلەنيۈيدىن: «مىڭ چىڭيۈەن زادى قانداق ۋەقە توغدۇردى؟» دەپ سورىدى. بەيلەنيۈي ئىش مەيدانىغا بارسىڭىز بىلىسىز ـــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ گاۋچۇيجاڭنىڭ ئىش مەيدانىغا دەرھال ئۇچۇپ بارغۇسى كەلدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇيدە، مڭچەڭيۇەن روھسز ھالدا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. پارتيە ياچېيكسننڭ شۇجسى ئۇنڭ ئدېيىسدە كۈرەش قلۋاتقانلغنى بلپ: «ئەگەر ئاغرىغڭ بولسا، دەرھال دوختۇرخانغا بارغن، ئەگەر ئدېيە ئاغرىغى بولسا، دېرىزنى ئېچۋېتپ ۋەتنمزدە بولۇۋاتقان ئۆزگۈرۈشنى كۆرۈپ باق، خەلقلەرنڭ قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتقانلغنى كۆرۈپ باق!» دېدى.





پارتىيه ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سوزىنى تۇگۇتۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ژىراق يەردىن پويىزدىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، مىڭچىڭ- يۇەن ئالدىراپ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، ترانسپورت بولۇمىگە پو- يىزدنى هايدىماڭلار دەپ ئېيتىپ قويماقچى بولغان ئىدى. شۇئارىدا ۋاڭچۇەن ئالدىراپ ژۇگۇرۇپ كېلىپ، مىڭچىڭيۇەنىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە: «ئىقرار قىلما، ئەگەر ئىقرار قىلساڭ ئۆزەڭ تورغا چۈشۈپ قالىسەن!» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





مىڭچىڭيۈەن دولەتنى ھەرگىز زىيانغا ئۇچراتماسلىق، كانىنىڭ ئىناۋىتىنى يوقۇتۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، قەتئىي ھالدا تېلېفون بەرمەكچى بولدى. ۋاڭچۇەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. مىڭچىڭيۈەن ئاچچىغلىنىپ گۇرجەك سېپىنى ئالدى-دە، زەردى بىلەن: «كوزۇمدىن يوقال!» دەپ ۋاڭچۇەننى ئۇردى. ۋاڭچۇەن: «مەن دوستنى تاللاپ تۇتالماپتىمەن» دەپ بېشىنى تۇت-قان پېتى قېچىپ كەتتى.



مڭچنگيۆەن بولۆمنڭ ئېشغا ژۆگۆرۆپ چققان ئدى، خاپا هالدا كېلىۋاتقان گاۋيۆيخۋاغا يولۆقۆپ قالدى. گاۋيۆيخۋا: «نەمۆنچى — ئشچىلارنڭ ئۆلگسى دېگەن سوز. سەن ئۆزەڭنڭ شان-شوھرتڭنى دەپ، تەشكلنى ئالدىدڭ، دولەتنى ئالدىدڭ!» دېدى.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




مىڭ چىڭيۈەن ئىزاھات بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، يىراقتىن پويىز گۈدۈكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئالجىپ قالغاندەك تاغ ئېتىكىگە قاراپ يۈگۈردى، قولىنى كۆتۈرۈپ: «توختا ـ توختا، بۇنىڭ بىلەن پولات تاۋلىغىلى بولمايدۇ!» دەپ ۋاقىردى. ئەمما پويىز پۇشۇلداپ مېڭىپ كەتتى.



پويېزد مېڭىپ كەتتى، مىڭچىڭيۈەن پويېزدنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ھەسرەتلىنىپ، ئۇز ئىچىدە: «ھەي، كان! سەن مېنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلدىڭ، ئەمما مەن ساڭا نىمە قىلىپ بەردىم!» دېدى.




گاۋچۇيجاڭ غەزەپ بىلەن مىڭچىڭيۈەننىڭ يېنىغا كېلىپ:
«مىڭچىڭيۈەن! ئەجەپ كىشىكەنسەنغۇ! مەن سېنى ماشاينغىم دەپ
ژۆرەتتىم. سېنىڭ تېشىڭ پال-پال ئىچىڭ غال-غال بىر ھەرەز
ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىمەن!» دېدى.



مڭ چنگيۋەن خاتالقننڭ ئېغر ئكەنلكنى بلپ
ئۈچنغان هالدا تەشكللنڭ ئۆزىگە چارە كورۈشنى تەلەپ قلدى.
گاۋ جۆيجاڭ زەردى بلەن: «چارە، ماگمۆ چارە كورۈشنى تەلەپ
قلمەن! ئەمما چارە نممنى هەل قلپ بېرىدۆ! بېرپ قاراپ
باق، سەن چقارغان كومۆر ئاپتاپتا كورگەزمە بولۆپ ياتدۆ! دې».



ماڭ چىڭيۈەن مۇنداق چوڭ ئۆزگىرۈش بولۇدىغان. ھەم ۋە بەزىلەرنىڭ ئۇنى خەۋپ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقىنى ئوخلاپ چۈشۈدىمۇ كورمىگەن ئىدى. ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماستىن ژۈگۈرگەن پېتى ئىش مەيدانىغا كەتتى.





يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ دالوچۈەنگە يولۇقۇپ قالدى، دالو- چۈەن: بەيلەنيۈي نۇۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، كومۇرگە تاش ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى كورۇپتۇ، بۇ مىڭ جىڭيۈەننىڭ قىل- مىشى ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، ئەمما ئەنشەن پولات-تومۇر گوڭسى- سى كومۇرنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقتىن، ئۇ ئىككى بەن ئىشچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ تاشلارنى ئىلغاپ تاش- لاپ، شۇنىڭ بىلەن چوڭ خەۋپنى يوقاتتى، ۋەزىپىنىمۇ ئورۇنلىدى، دېدى .

www.uyghurkitap.com




مىڭ چىڭيۈەن بۇنى ئاڭلاپ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئىسسىق كوز يېشىنى ئېقىتىپ بەيلەنيۈينى ئىزدەپ ژۈگۈرۈپ كەلدى، ۋە ژىراقتىنلا تەسىرلەنگەن ھالدا: «بەيلەنيۈي، مەن سەندىن بەك ژىراقلىشىپ كېتىپتىمەن» دېدى.




مڭچىڭيۈەن خاتالىق ئۆتكەزگەنلىگى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر گۇنا يېزىلدى. ئۇ پارتىيە ۋە يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزى- نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزۈتۈپ، ئىشچىلارنى باشلاپ، بەي لەنيۈىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىشىغا ئۆزلۈكسىز ياردەم قىلدى. كومۇر قېزىش ماشىنىسى ئاخىر خاڭدا ھەركەتلىنىشكە باشلىدى.




ئۇزاق ئوتمەيلا، مەھسۇلاتنىڭ ئاشقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن كانغا تارقالدى، كىشىلەر بايرامدىكىدەك خۇشاللىققا چۆمۈپ كەتتى. شۇ خۇشال-خۇرام كۈنلەردە، گاۋيۈيخۇامۇ مىڭ چىڭيۈەن بىلەن يارىشىپ قالدى. مىڭ چىڭيۈەن: «يۈيخۇا سىز مەندەك بىر ئادەم بىلەن....» دېۋىدى، گاۋيۈيخۇا: «ياق، مۇھەببەتنى كۆچەيتىدىغان نەرسە قىزىل گۈل ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پەزىلىتى» دېدى.



گاۋچۇيجاڭمۇ تەنقىتلەندى . ئۇ قۇدۇقتا مېڭىۋاتقان كومۇر قېزىش ماشىنىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، ئىختىيارسىز ئۇلۇق كىچىك تىندى: «ئۆتكەندە سوغۇقىنا كومۇر ئۆڭكۈرلىرىدە ئەتراپتىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولمايتتى ، مىڭلىغان جوتىلار سۇناتتى، ھارغانلىقتىن بەللەر ئىگىلىپ كېتەتتى... ئۇ ئەمدى ئۆتمۈشتىكى ئىشلار بولۇپ قالدى.....».



ۋاڭچۈەن بىر نەچچە قېتىم تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكتىن، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش چارىسى بېرىلگەن ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ چارىغا قارشىلىق قىلدى. رەھبەرلىكتىن قايتا-قايتا تەربىيە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاۋالقىدەكلا ئۆزگەرمىدى، ئاخىرى كاندىن ھايداپ چىقىرىلدى.




بەي لەنيۇي ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، بېيجىڭگە مەجلىسكە بارماقچى بولدى؛ مىڭ چىڭيۇەن كومۇر قېزىش ماشىنىسى كۇرسىغا ئوقۇشقا ئۇۋەتىلمەكچى بولدى. بۇلار مېڭىش ئالدىدا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئۇلارغا: شەرەپنى پارتىيە ۋە خەلق بەردى دەپ بىلگەندىلا، ئۇ شەخسنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشىغا ئىلھام بېرىدۇ؛ ئەگەر شەرەپنى ئۆزەم قازاندىم دەپ ئويلىسا، بۇ شەخسنىڭ ئىستىقبالىنى خاراپ قىلىدۇ!» دەپ ناھايىتى تەسىرلىك سوز قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ كىتاپ خەلق سەنئىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958-ژىل 9-ئايدا بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى،

本書根據人民美術出版社1958年9月北京第一版第一次印刷本譯出

書號:2213(4)496
地下的春天（維吾尔文）

民族出版社翻譯出版 地址:北京安定門外和平东路
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂印刷　　新华書店发行
1959年11月北京第一版　　1959年11月北京第一次印刷
787×1092公厘1/48　印張2 15/24　印數:1—5,200册

統一書号: M8049・維118　定價: 0.24元

# يەر ئاستىدىكى باھار

رەسسام: شي بوشۇي

باھاسى: 0.24 يۈەن.